
# ئامېرىكىنىڭ خىتايغا قارشى «سىستېمىلىق جىددىيچىلىكى» نىڭ ئارقىسىغا نېمىلەر يوشۇرۇنغان؟



ئەبۇزەبى «مۇستەقبەل» تەتقىقات مەركىزى

**تەكلىماكان تەشۋىقات مەركىزى تەرجىمە قىلدى**



# ئامېرىكىنىڭ خىتايغا قارشى «سىستېمىلىق جىددىيچىلىكى» نىڭ ئارقىسىغا نېمىلەر يوشۇرۇنغان؟

ئەبۇزەبى «مۇستەقبەل» تەتقىقات مەركىزى

**تەكلىماكان تەشۋىقات مەركىزى تەرجىمە قىلدى**

يېقىنقى مۇناسىۋەتلەردە، خىتاي ئامېرىكىنىڭ تاشقى ۋە مۇداپىئە سىياسىتىگە باغلىنىشلىق دۆلەت بىخەتەرلىك مەسىلىسى بولغان ئىدى. ئەمدىلىكتە، ئۇ يەنە ئامېرىكىنىڭ سايلام مەزگىلىگە مۇناسىۋەتلىك نامزاتلارنىڭ مەيدانى ۋە سايلىغۇچىلارنىڭ ئاۋازىغا ئېرىشىشتىكى تەلىپى شۇنىڭغا ئاساسەن بېكىتىلىدىغان ئىچكى مەسىلىسىگە ئايلاندى. ئامېرىكىدا خىتايغا قارشى قاتتىق پوزىتسىيە ئىپادىلەيدىغان ئېقىمنىڭ سايلامدىكى ئۆلۈشى ئېشىپ، خىتايغا قارشى قاتتىق ئىپادە بىلدۈرۈش كۆپىنچە ئامېرىكىلىقلارنىڭ يۈزلىنىشى بولۇپ قالدى.

«غالۇپ» ئىنستىتۇتىنىڭ ئۆتكەن يىلى نەۋرۇز (3 ـ ئاي) دا ئېلىپ بارغان راي سىناشقا ئاساسلانغاندا، 67% ئامېرىكىلىقنىڭ خىتايغا قارىتا سەلبىي كۆز قارىشى بولۇپ، بۇ 2018 ـ يىلىدىكىگە قارىغاندا 46% ئۆرلىگەن. شۇنىڭدەك «خىتاي ـ ئامېرىكا قوشما شىتاتىنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى» دەپ قارايدىغان ئامېرىكىلىقنىڭ نىسبىتى 22% تىن 45% كە ئۆرلىگەن.

ئامېرىكا خەلق رايىنىڭ خىتايغا قارشى يۈزلىنىشتىكى بۇ ئۆزگىرىشىنىڭ بىرقانچە سەۋەبلىرى بار. ئۇلار: سابىق رەئىس باراك ئوباما ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاينىڭ باش كۆتۈرۈشىنىڭ خەتىرى ۋە ئۇنىڭ ئامېرىكا بىخەتەرلىكىگە بولغان تەھدىتىدىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، زور ئىچكى مۇنازىرىگە سەۋەب بولغان «ئاسىياغا قايتىش» سىياسىتىنى رەسمىي شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇشى، ئامېرىكا قوشما شىتاتىنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىك ساھەسىدىكى ئىمكانىيەت ۋە دىققىتىنى ئەڭ زور شەكىلدە ئاسىيا قىتئەسىگە قارىتىشقا تۇتۇش قىلىشى .... قاتارلىقلار.

سابىق رەئىس دونالد تىرامپ دەۋرىدىكى بېيجىڭغا قارشى ئاغزاكى جىددىيچىلىكنىڭ ئېشىشى، ئۇنىڭ دەۋرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان دۇنيانىڭ ـ «خىتاي بولسا ئا ق ش نىڭ ئاساسلىق رەقىبى» دەيدىغان ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك ئىستىراتىيىگىيەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «چوڭ كۈچلەرنىڭ رىقابەتلىشىش» سىياسىتىگە قايتىشى، كېيىن كورونا ۋىرۇسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، ئامېرىكىنىڭ «ۋىرۇسنىڭ تارقىلىشىدا خىتاينىڭ مەسئۇلىيىتى بار» دەپ قايتا ـ قايتا ئوتتۇرىغا قويۇشى.... قاتارلىقلار خىتاينىڭ ئامېرىكا خەلق رايىدىكى ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈردى.

ئەمەلىيەتتە، دېموكراتچىلار بىلەن جۇمھۇرىيەتچىلەر ئىبارەت ئىككى پارتىيىنىڭ «خىتاي ئا ق ش نىڭ ئەڭ چوڭ رەقىبى» دېگەن قاراشقا بىرلىككە كەلگەنلىكى

بولۇپ، جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ دىققىتى خىتاينىڭ ئىقتىسادى ۋە تېخنىكىغا ئالاقىدار تەھدىتىگە مەركەزلەشكەن بولسا، دېمكوراتچىلار بۇنىڭغا دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇقتا ئوخشاش قىممەت قاراش مەسىلىلىرىنى قوشىدۇ.

يۇقىرىقى دائىرىدە، ئامېرىكىنىڭ تەيۋەن دەرۋازىسى ئارقىلىق خىتايغا قارشى قوزغىغان كېيىنكى جىددىيچىلىككە ئالاقىدار كۆرۈنەرلىك سەۋەبلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

## 1. پارلامېنتنىڭ يېرىم مەزگىللىك يېڭى سايلىمىغا تەييارلىق قىلىش :




دېمكوراتچىلار جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ «دېمكوراتچىلار خىتايغا كەڭ قورساقلىق قىلىدى» دېگەن مەزمۇندىكى ھۇجۇملىرىغا دۇچ كەلدى. كېلىدىغان ئوغلاق (11-ئاي) دىكى سايلامدا ئاۋام ۋە كېڭەش پالاتادىكى كۆپ ئورۇنغا ئىگە دېمكوراتچىلار پارتىيىسىنىڭ ئەڭ بولمىغاندا ئىككى پالاتانىڭ بىرىنى (ئاۋام پالاتاسى بولۇشى كۆچلۈك) قولدىن بېرىپ قويۇش ئېھتىماللىقىدا، دېمكوراتچىلار ئاق سارايى ياكى پارلامېنت يېتەكچىلىرى ئارقىلىق ئامېرىكىلىق سايلىغۇچىلاردا «دېمكوراتچىلار ھەم خىتايغا قارىتا قاتتىق قول مەيداندا ئىكەن» دېگەن پىكىرنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن خىتايغا قارشى جىددىيچىلىك پەيدا قىلىشقا تىرىشىدۇ.

بۇ دائىرە، تومۇز (8 ـ ئاي) نىڭ ئىككىسىدە خىتاي «خەتەرلىك جىددىيچىلىك پەيدا قىلغانلىق، ئوت بىلەن ئويناشقانلىق» دەپ قارىغان، ئامېرىكا تۆۋەن پالاتا رەئىسى نەنسىي پېلوسىنىڭ تەيۋەن زىيارىتى بولدى.

ئەمەلىيەتتە، بۇ زىيارەتكە تۈرتكە بولغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئىلگىرىكى سايلام سەۋەبلىرىگە باغلىنىشلىق. خۇسۇسەن، پېلوسى تۆۋەن پالاتادىكى ئورۇننىڭ كۆپىنچىسىگە ئىگە دېموكراتچىلار مەغلۇپ بولسا پارلامېنتتىكى قوماندانلىق ئورنىنى يوقىتىشقا دۇچ كېلىدۇ. بەلكىم، دېموكراتچىلار كۆپ ئورۇننى قولدىن بېرىپ قويغان ئەھۋالدا يۈكلەنگەن مەسئۇلىيەت سەۋەبىدىن سىياسىي پائالىيەتتىن پېنسىيىگە چېكىنىشقا مەجبۇر بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. پېلوسى بۇ زىيارەتتىن چەكلىك نەتىجە قولغا كەلتۈرگەن بولۇپ، پەقەت جۇمھۇرىيەتچىلەردىن 26 ئەتراپىدا پالاتا ئەزاسى ئۇنىڭ تەيۋەنگە بولغان سەپىرىنى قوللاپ ئۇچۇر ئەۋەتتى، خالاس.

## 2. بايدېننىڭ قانۇن چىقىرىشى مەزگىلىدىن ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم بېرىش



جو بايدېن ھۆكۈمىتى خىتايغا قارىتا دۈشمەنلىك يۈزلىنىشىنىڭ ئېشىشىدىن پايدىلاندى. خۇسۇسەن، كورونا ۋىرۇسى سەۋەبىدىن خىتايدىن كېلىدىغان تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن كېيىن، ئۆتكەنكى چىللە (7ـ ئاي)

نىڭ ئاخىرىدا، پارلامېنتتا پارلامېنتتىكى ھەر ئىككى پارتىيىنىڭ كۆپچىلىك ئەزالىرى مۇۋاپىق كۆرگەن قانۇن لايىھەسىنى سۇندى. بۇ لايىھە ئامېرىكىنىڭ ئېلېكترون تاختا ۋە ئۆزەكلەرنى ئۆزىدە ئىشلەپچىقىرىشتا رىقابەت ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەشكە ياردەم بېرىدىغان 280 مىليارد دوللارلىق تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاق ساراي ۋە بەش بۇرجەكلىك بىنا ئەمەلدارلىرى بۇ تۈرنى دۆلەت بىخەتەرلىكى ، خىتاينىڭ بۇ خىل سانائەتتە پەيدا قىلغان رىقابەت تەھدىتى، شۇنداقلا، خەلق تۇرمۇشى ۋە ھەربىي ساھەدە ئىشلىتىلىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ كۆپىنچىسىدە قوللىنىلىدىغان بۇ ئۆزەكنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئىشلەپچىقارغۇچىسى ھېسابلىنىدىغان تەيۋەنگە قارىتا ئىزچىل داۋاملىشىۋاتقان تەھدىتىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىش دەپ قارايدۇ.

بۇ قانۇنغا ئاۋاز بېرىش _ خىتايغا باغلىنىشلىق بولغانلىقتىن، دېموكراتچى ۋە جۇمھۇرىيەتچى پارتىيىلەر ئارا زور بىردەكلىك بارلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەندەك بولدى. (كېڭەش پالاتاسىدا 17 جۇمھۇرىيەتچى دېموكراتچىلارغا قوشۇلۇپ 33 گە قارشى 64 كۆپ سانلىق ئاۋاز بىلەن، ئاۋام پالاتاسىدا 24 جۇمھۇرىيەتچى دېموكراتچىلارغا قوشۇلۇپ 187 گە قارشى 243 كۆپ سانلىق ئاۋاز بىلەن). بۇ ھەم ھەر ئىككى پارتىيىدە «ئېلېكترون تاختا ۋە ئۆزەكتىن باشقا ئىستراتېگىيىلىك تېخنىكىلارنى ئىمپورت قىلىش كەلگۈسىدە خىتاينىڭ تەھدىتى نەتىجىسىدە ئۈزۈلۈپ قېلىشى مۇمكىن» دەيدىغان كونسېرۋاتىپلار ئەنسىرەشنىڭ ئەكس ئېتىشى ھېسابلىنىدۇ.

كېڭەش پالاتادىكى كۆپ ئورۇنغا ئىگە دېموكراتچىلاردىن بولغان كاتتا باش چاك شۇمېر بۇ نىشان ھەققىدە پىكىر بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 ـ 80 يىللىرىدا شىركەتلىرىمىزنىڭ ئۆز ئالدىغا ياخشى تەرەققىي ئىلگىرىلىش ئىمكانىيىتى بار ئىدى. ئەمما 21 ـ ئەسىردە زىچ مەبلەغ سېلىۋاتقان خىتايغا ئوخشاش دۆلەتلەر سەۋەبلىك بىر ياقىدا قېلىشىمىز مۇمكىن. كىم زىيان تارتىدۇ؟ ئامېرىكىلىق ئىشچىلار، ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادى مونوپوللۇقى ۋە بىزنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىمىز، ئەلۋەتتە».

جۇمھۇرىيەت پارتىيىسىدىن بولغان ئاۋام پالاتا ئەزاسى تام كۆل بۇ قانۇننىڭ خىتاينى قىيىن شارائىتتا قالدۇرۇش، ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادى ـ بىخەتەرلىك مەنپەئەتلىرىنى قوغداشتا توغرا يۆنىلىشتە بېسىلغان قەدەم بولىدىغانلىقىغا ئىشارەت

قىلىپ مۇنداق دېدى: «خىتاينىڭ دۈشمەنلىكى كۈنسېرى زىيادىلىشىۋاتقان، خەلقئارا تۈزۈمگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا خەترلىك شەكىلدە ئۇرۇنۇۋاتقان بۇ پەيتتە، سانائەتلىرىمىزنى چەتئەل دۈشمەنلىرىدىن قوغدىشىمىز زۆرۈر بولغانلىقتىن، بۇ قانۇن ئا ق ش نىڭ - ئۆزەك سانائىتىگە مەبلەغ سېلىش ۋە بۇ خىلدىكى مۇھىم ئېلېكتىر زاپچاسلارنى ئۆزىمىزدە ئىشلەپچىقىرىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئارقىلىق دۇنياۋى رىقابەت ئىقتىدارىنى كۈچلەندۈرىدۇ».

## 3. ئۇكرائىنا تەجرىبىسىنىڭ تەيۋەندە قايتىلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن خىتاينى تىزگىنلەش



روسىيىنىڭ ئۇكرائىنادىكى ئۇرۇشى باشلىنىپ تەخمىنەن ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن، 18- نەۋرۇزدا ئامېرىكا پرېزىدېنتى جو بايدىن مەنسەپدېشى شى جىن پىڭ بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، سۆھبەتنىڭ كۆپ قىسمى ئامېرىكىنىڭ « ئۇكرائىنادا يۈز بەرگەن ئىشلار خىتاينىڭ تەيۋەنگە قارىتا بۇرۇلۇشىغا تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن» دېگەن قورقۇنچىسى بولغانلىقتىن تەيۋەنگە مەركەزلەشتى.

ئامېرىكا تەھلىلگە ئاساسەن، «ئۇكرائىنا ئۇرۇشىنىڭ نەتىجىلىرى خىتاينىڭ

تەيۋەنگە ھۇجۇم قىلىش ئېھتىماللىقىنى ئازلىتامدۇ ياكى ئاشۇرامدۇ؟» دېگەننى چۆرىدىگەن كۆز قاراشلار خىلمۇ-خىل بولدى. «غەربنىڭ روسىيەگە قارشى جازا ھەققىدە بىرلەشمە ئىتتىپاقى، ئۇكرائىنا قارشىلىقىنىڭ ئۈنۈمى، شۇنداقلا موسكۋانىڭ ئادەم ۋە قورال-جابدۇقتا تارتقان زور ھەجىمدىكى زىيىنى خىتاينىڭ تەيۋەنگە ھەربىي ئارىلىشىش ئېھتىماللىقىنى توسۇپ قالالىشى مۇمكىن» دەپ قارايدىغانلارمۇ بار.

يەنە باشقا كۆز قاراش بولسا، «روسىيىنىڭ يەر يۈزىدە بەزى ئۈتۈقلارنى قولغا كەلتۈرۈشى، ئا ق ش ياكى ش ئا ئە ت نىڭ ئۇكرائىناغا يېتەرلىك ھەربىي ياردەم بەرمەسلىكى - بېيجىڭنى دۇنيانىڭ دىققىتى ئۇكرائىناغا مەركەزلىشىپ قالغان ئەھۋالدا تەيۋەنگە ھۇجۇم قوزغاشقا رىغبەتلەندۈرۈشى مۇمكىن» دەپ قارايدۇ.


بىر تۈكۈم مۇتەخەسسىسلەر ئوتتۇرىغا قويغاندەك، خىتاي تەيۋەندىن يىراق ئاراللارنى ئىشغال قىلىش ياكى دېڭىز-ھاۋا چېگرالىرىنى كۈچلۈك شەكىلدە كونترول قىلىش ئارقىلىق تەيۋەننى قورشاش، بۇ ئارقىلىق تەيۋەنگە ئامېرىكا ھەربىي ياردەملىرىنىڭ كېلىشىنى چەكلەش ياكى خىتاينىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا دەخىل تەرز قىلغانلىق دەپ قاراپ مۇسادىرە قىلىش دېگەندەك باشقا ئۇسۇللارنى تاللاپ تەيۋەنگە ھەربىي جەھەتتىن تولۇق كىرمەسلىك ئېھتىماللىقى بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ بۇ خىل ئەھۋالدا قورشاۋنى بىكار قىلىش ئۈچۈن خىتاي بىلەن ئېھتىماللىقى بار ئۇرۇشقا كىرىش، كۈچ ئىشلىتىشنى تاللاش ھەققىدە ئويلىنىشى كېرەك بولىدۇ.

بۇ تاللاش — « ئامېرىكىنىڭ خىتاينىڭ تەيۋەنگە قارشى ئېھتىماللىقى بار ھەرقانداق ھەربىي ھەرىكىتىنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقى ۋە تەيۋەننى ئاخىرغىچە قوغدايدىغانلىقى» نى ئېنىق ئىپادىلەپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، بېيجىڭ بىلەن سىياسىي جىددىيچىلىككە ئېلىپ باردى. 23- باھاردا پرېزدېنت بايدېننىڭ توكيودا ئۆتكۈزۈلگەن مۇخبىرلارنى كۆتۈۋېلىش يىغىنىدا قىلغان سۆزلىرى مۇشۇ مەنىدە ئېيتىلغان. ئۇنىڭدىن بىر مۇخبىر: «تەيۋەننى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن ئىشلار شۇنىڭغا ئالاقىدار بولۇپ قالسا، ھەربىي قارىلىشىشقا تەييارمۇ ؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «ھەئە .... بۇ بىز ۋەدە قىلغان مەجبۇرىيەت» دەپ ئېنىق شەكىلدە جاۋاب بەردى. بۇ باياناتـ - «ئامېرىكا تەيۋەننى مۇداپىئە قىلامدۇ-قىلمامدۇ؟ ياكى قايسى شارائىتتا مۇداپىئە قىلىدۇ؟» دېگەننى ئېنىق بىلدۈرمىگەن، ئامېرىكىنىڭ «مۇجمەل ئىستراتېگىيە» سىياسىتى دەپ تونۇلغان سىياسىتىدە

ئۆزگىرىش بولغانلىقىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. لېكىن ئامېرىكا خىتاينىڭ تەيۋەن ئەتراپىدا پېلوسى زىيارىتىدىن كېيىن ئېلىپ بارغان ھەربىي مانېۋىرىغا تېپ-تىنچ شەكىلدە مۇئامىلە قىلىپ ئۆزىنىڭ ئەسلى ھالىتىگە قايتتى؟

پېرزىدېنت بايدېن تومۇزنىڭ 8-كۈنى مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: «ئۇلارنىڭ كۈچىنىڭ يېتىشىچە ھەرىكەتلەنگەنلىكىدىن بىئارامىلىق ھېس قىلىمەن، لېكىن ئۇلارنى ھازىر قىلىۋاتقىنىدىن كۆپ ئىش قىلالايدۇ دەپ ئويلىمايمەن». ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مەسئۇللىرىدىن بىرى: «ئامېرىكا ئارمىيىسى كېلەر ھەپتىلەردە تەيۋەن بوغۇزىدىن ئۆتۈشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. رايوندىكى باشقا ئورۇنلاردا دېڭىز سەپىرى مەشغۇلاتىنى ئەركىن داۋاملاشتۇرىدۇ. شېرىكلىرىمىز ۋە ئىتتىپاقداشلىرىمىزنىڭ يېنىدا تۇرۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ» دېگەندەكلەرنى تەكىتلىدى.

## 4. سېستىمىلىق جىددىيچىلىك



ئامېرىكىنىڭ خىتايغا قارشى ھازىرقى جىددىيچىلىكنى —— «ھاڭنىڭ گىرۋىكى» گە ئاپىرىش ياكى خىتاي بىلەن ئۇرۇشقا كىرىشنى نىشان قىلمايدىغان، ئەمما تاشقى سىياسەت ساھەسىدە دېموكراتچىلارغا خىزمەت قىلىدىغان نىشانلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە خىتاينى تەيۋەن ھەققىدە ھەربىي تەۋەككۈلچىلىك قىلماسلىق ئۈچۈن چەكلەشكە ھەسسە قوشۇش نىشان قىلىنغان «سىستېمىلىق جىددىيچىلىك» دەپ ئاتاش مۇمكىن.

**taklimakan.biz**